2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئالاھىدە خەۋىرى

ھەممە بىر نىيەتكە كېلىپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى | مۇھىم خەۋەرلەر

13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ھەيئەت رىياسەتنىڭ دائىمىي رەئىسلەر 1 - قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

لى جەنشۇ رىياسەتچىلىك قىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ھەيئەت رىياسەتنىڭ دائىمىي رەئىسلەر 1 - قېتىملىق يىغىنى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن ھەيئەت رىياسەتنىڭ دائىمىي رەئىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى جەنشۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا يىغىن ھەيئەت رىياسەتنىڭ دائىمىي رەئىسى، يىغىننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى ياڭ جېنۋۇ بەرگەن يىغىن كاتىبات باشقارمىسىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى قاراپ چىقىش ۋە تۈزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىنىڭ ۋاكالىتەن تەييارلانغان نۇسخىسى قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى شۇ شاۋشى بەرگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 2019 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2020 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى لايىھەسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى دوكلاتىغا ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى دوكلاتى قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى شى ياۋبىن بەرگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 2019 - يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2020 - يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتى لايىھەسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى دوكلاتىغا ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، تەكشۈرۈش نەتىجىسى دوكلاتى قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا ياڭ جېنۋۇ بەرگەن يىغىن كاتىبات باشقارمىسىنىڭ 2019 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2020 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىنىڭ ۋاكالىتەن تەييارلانغان نۇسخىسى، 2019 - يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى بىلەن 2020 - يىللىق مەركەز ۋە يەرلىك خامچوتىنىڭ قارار لايىھەسىنىڭ ۋاكالىتەن تەييارلانغان نۇسخىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئىككى قارار لايىھەسىنىڭ ۋاكالىتەن تەييارلانغان نۇسخىسى قاراپ چىقىلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى لى فېي بەرگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار كومىتېتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسىگە قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا لى فېي بەرگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار كومىتېتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇن - تۈزۈمى ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىگە قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، قارار لايىھەسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى قاراپ چىقىلدى.

يىغىن يۇقىرىقى قارار لايىھەسى، دوكلات، لايىھەنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى قاتارلىقلارنى يىغىن ھەيئەت رىياسەتنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشقا قوشۇلدى.

يىغىن ھەيئەت رىياسەتنىڭ دائىمىي رەئىسلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن ۋاڭ چېن، ساۋ جيەنمىڭ، جاڭ چۈنشيەن، شېن يۆيۆ، جى بىڭشۈەن، ئەركىن ئىمىرباقى، ۋەن ئېشياڭ، چېن جۇ، ۋاڭ دۇڭمىڭ، بەيما چىلىن، دىڭ جۇڭلى، خاۋ مىڭجىن، سەي دافېڭ، ۋۇ ۋېيخۇا يىغىنغا قاتناشتى.

---

13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى 2 - قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى

لى جەنشۇ رىياسەتچىلىك قىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن خەلق سارىيىدا 2 - قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى. يىغىن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، پىلان دوكلاتى، خامچوت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارار لايىھەسى ۋە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇن - تۈزۈمى ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار لايىھەسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى قاتارلىقلارنى ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلدى.

ھەيئەت رىياسەتنىڭ دائىمىي رەئىسى لى جەنشۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىكى 174 كىشى، قاتناشقانلار 170 كىشى، قاتناشمىغانلار تۆت كىشى، قاتناشقانلارنىڭ سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

ھەيئەت رىياسەتنىڭ دائىمىي رەئىسلىرىدىن ۋاڭ چېن، ساۋ جيەنمىڭ، جاڭ چۈنشيەن، شېن يۆيۆ، جى بىڭشۈەن، ئەركىن ئىمىرباقى، ۋەن ئېشياڭ، چېن جۇ، ۋاڭ دۇڭمىڭ، بەيما چىلىن، دىڭ جۇڭلى، خاۋ مىڭجىن، سەي دافېڭ، ۋۇ ۋېيخۇا، ياڭ جېنۋۇ يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ ياڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش رەئىسلەر يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ئالاقىدار ھۆججەت لايىھەلىرى قاراپ چىقىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار لىن خۇي، لىيۇ خۇي) سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 37 - قېتىملىق رەئىسلەر يىغىنى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىنىڭ باش كاتىپنى تولۇقلاپ سايلاش چارىسى (لايىھە) ۋە تولۇقلاپ سايلىنىدىغان باش كاتىپ نامزاتلىرىنىڭ ئىسىملىكى (لايىھە)، سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىنىڭ دائىمىي كومىتېت خىزمىتىدىن دوكلات توغرىسىدىكى قارارى (لايىھە)، سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى تەكلىپ كومىتېتىنىڭ سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىدىكى تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى (لايىھە)، سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى (لايىھە) قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. يىغىندا يۇقىرىقى ھۆججەت لايىھەلىرىنى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئېچىلىدىغان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى.

ۋاڭ ياڭ مۇنداق كۆرسەتتى: مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، ئەزالار بەلگىلەنگەن قائىدە ۋە كۈنتەرتىپ بويىچە يىغىنغا ئەستايىدىل قاتنىشىپ، سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات، تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، ئىككى مەھكىمە دوكلاتى، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى لايىھەسى قاتارلىقلارنى ئاڭلىدى ۋە مۇزاكىرە قىلدى ھەم ئۆز ساھەسى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا كېڭىشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىنى مۇھاكىمە قىلىپ، پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى. يىغىن بىخەتەر، تەرتىپلىك، ئىخچام، ئەمەلىيەتچىل، مول نەتىجىلىك ئېچىلىپ، روھ ئۇرغۇتۇلۇپ، ئاكتىپ كۈچ مۇجەسسەملىنىپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە ئالاھىدىلىكى نامايان قىلىندى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن جاڭ چىڭلى، لىيۇ چىباۋ، پابالا گېلېيلاڭجېي، دۇڭ جيەنخۇا، ۋەن گاڭ، خې خوۋخۇا، لۇ جەنگوڭ، ۋاڭ جېڭۋېي، ما بياۋ، چېن شياۋگۇاڭ، لياڭ جېنيىڭ، شيا باۋلۇڭ، ياڭ چۇەنتاڭ، لى بىن، باتېر، ۋاڭ يۇڭچىڭ، خې لىفېڭ، سۇ خۇي، جېڭ جيەنباڭ، گۇ شېڭزۇ، لىيۇ شىنچېڭ، خې ۋېي، شاۋ خۇڭ، گاۋ يۈنلۇڭ يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقۇم دۇنيا ۋەزىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، دۆلىتىمىزنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىياتىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ھەر خىل مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغداپ، دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش شارائىتىدا ئەسكەرلەرنى مەشقلەندۈرۈپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنىڭ شەكلى، ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىلمىي تەشكىللەش - تىزگىنلەشنى ۋاقىت، ۋەزىيەتكە قاراپ ياخشى قىلىپ، ھەربىي كۈرەش تەييارلىقىنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي ئۇرۇشقا مايىللاشقان ھەربىي مەشىقنى جانلىق قانات يايدۇرۇپ، ئارمىيەمىزنىڭ ھەربىي ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش كۈرىشى دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىغا بولغان بىر قېتىملىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش بولۇپ، ئىسلاھاتنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئىسلاھاتقا يېڭى تەلەپلەرنى قويدى. يۈزلىنىشنى ئۆزگەرتمەسلىك، يولدىن ئېغىپ كەتمەسلىك، سالماقنى كېمەيتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، سىياسەت - تۈزۈم ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، تورلۇق ئىسلاھات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، بېكىتىلگەن ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملاش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتى جەريانىدا ئاشكارىلانغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش پىكىر يولى ۋە ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئارمىيەمىزنىڭ مېدىتسىنا پەن تەتقىقات ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دورىسى ۋە ۋاكسىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياسىشىنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ كۆپ كۈچلۈك، يادرولۇق مەھسۇلاتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك. پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىن جەڭگىۋار كۈچ ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسى پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش، بولۇپمۇ ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش، دەسلەپكى يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا ئاچقۇچ ئادەمدە، «ئۈچ بىر گەۋدە قىلىنغان» ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك يۇقىرى ساپالىق، كەسىپلەشكەن يېڭىچە ھەربىي ئىشلار ئىختىساسلىقلىرى چاسا ئەترىتى بەرپا قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل ئارمىيەمىز قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىدىكى «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، ئادەتتىن تاشقىرى تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ يىرىك پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، مۇھىم، زور ۋەزىپىلەرنىڭ تاماملىنىشىغا، ئىستراتېگىيەلىك ئىقتىدارنىڭ زور ئۆسۈشىگە تىرىشىپ كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئارمىيەمىز قۇرۇلۇشىدىكى «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى ياخشى تۈزۈشتە، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئورۇنلاشتۇرمىسى بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىستراتېگىيە قاتلىمىدىن بىرتۇتاش پىلانلاشنى ياخشى قىلىپ، يىرىك پىلاننىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىنچىكە ھېسابات قىلىپ، ھەربىي خىراجەتنى ياخشى باشقۇرۇپ، ياخشى ئىشلىتىپ، خەجلىگەن ھەربىر پۇڭ پۇلنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈنۈمگە ئېرىشىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئارمىيە - ھۆكۈمەت، ھەربىي - خەلق ئىتتىپاقلىقى پارتىيەمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ روشەن سىياسىي ئەۋزەللىكى، بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش كۈرىشىدە بۇ نۇقتا تولۇق نامايان قىلىندى. ئارمىيەمىز ھەربىي ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداش بىلەن بىللە، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا مەدەت بېرىپ، يەرلىكنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ياردەملىشىشى كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۈ چىلياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۇشيا، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرىدىن ۋېي فېڭخې، لى زوچېڭ، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، ئاممىۋى سەھىيە ۋە ساغلاملىقنى ئورتاق قوغداش ئۈچۈن، مۇخبىرلار يىغىنى تور سىنى شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى. شۇ ۋاقىتتا مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى نەق مەيداندىن بىۋاسىتە كۆرسەتتى، شىنخۇا تورى نەق مەيداندىن سۈرەت ۋە يېزىق ئارقىلىق بىۋاسىتە كۆرسەتتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇنى توسۇيدۇ ۋە جازالايدۇ، جۇڭگونىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش مەسىلىسىدىكى كەسكىن مەيدانى ۋە قەتئىي ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ، دەپ قارىدى.

ۋەكىللەر مۇنداق دېدى: تۇيۇقسىز تارقالغان يۇقۇم ئالدىدا، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشكە دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتىنى قانۇن بويىچە جازالاش، دۆلەت چېگراسى سەھىيە كارانتىنىغا دەخلى يەتكۈزۈش جىنايىتىنى جازالاش، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق پىكىرلەرنى ئۆز ئالدىغا ياكى ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە تۈزۈپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»قا مۇلازىمەت قىلىدىغان قانۇن يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىرىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى قوغدىدى، چوڭ ۋەزىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى. سوت سىستېمىسى پارتىيەنىڭ قانۇن يۈرگۈزۈش خىزمىتىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىنى قانۇن بويىچە قوغداپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتى ۋە كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

ۋەكىللەر مۇنداق دېدى: ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنى يېتەكلەپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش چوڭ ۋەزىيىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىپ، دېلو بېجىرىش ئۆلچىمىنى تېزدىن ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېلو ئارقىلىق قانۇننى چۈشەندۈرۈشتە يېڭىلىق يارىتىپ، دېلوغا چېتىشلىق كىشىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، قانۇن بويىچە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جېڭىدە ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىسىگە ئالدى. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش يىلىدا، يۇقۇم ئېلىپ كەلگەن يېڭى خىرىس ئالدىدا، تەپتىش ئورگانلىرى جەزمەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «مۇقىم ئىلگىرىلەش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئۆستۈرۈش»تە چىڭ تۇرۇپ، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق، قانۇنچىللىق ئاڭلىقلىقى، تەپتىش ئاڭلىقلىقى ئارقىلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا يۈكلەنگەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ غەم قىلىدىغان ئىشلىرى، باش قاتۇرىدىغان ئىشلىرى، ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلىرىنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچلۈك قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن نەيىم ياسىن، شى داگاڭ، لى ۋېي، لو دۇڭچۈەن، پېڭ جيارۇي، غانىبات سابۇكەي، جۇ خەيلۇن، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.